# چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت

## ـــ يولداش شى جىنپىڭ ۋە ئاخبارات ئاممىۋى پىكىر خىزمىتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شۇ چاغدا ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىلىقىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭ ئۆمەك باشلاپ يولغا چىقتى. سەپەر ئۈستىدە، ئۆمەك بىلەن بىللە ماڭغان دوختۇردا ئېغىر دەرىجىدە ئېگىزلىك رېئاكسىيەسى كۆرۈلدى، يولداش شى جىنپىڭ دەرھال ئۇنى دېڭىز يۈزىدىن نىسبەتەن تۆۋەنرەك بولغان لىنجىنىڭ بايى بازىرىدا قېلىپ دەم ئېلىشقا ئورۇنلاشتۇردى، ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچىتىپ: «خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ سالامەتلىكىم ياخشى، دوختۇرنىڭ يول بويى ھەمراھ بولۇشى ھاجەتسىز» دېدى.

شىزاڭدىكى تۇنجى كەچتە، «فۇجيەن گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى ئوكسىگېن يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن بىئاراملىق ھېس قىلدى، ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ دەرھال ئادەم چاقىرىپ ئۆزىگە سەپلەپ بېرىلگەن ئوكسىگېندانىنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بەردى.

6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى، بىر قارلىق تاغدىن ھالقىپ ئۆتكەندىن كېيىن، بىر دالا جىپ ئاپتوموبىلى ئېھتىياتسىزلىقتىن يولدىكى چوڭ ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپ، ئاپتوموبىلدىكى ئادەم ۋە ئەسلىھەلەر قاڭقىپ كېتىپ يەرگە قاتتىق چۈشتى. لەي خەن يېنىدا ئېلىپ يۈرىدىغان تېلېكامېرانىڭ تەسۋىر ئىزدىگۈچىسى سوقۇلۇشتىن سۇنۇپ كەتتى، «يەنە سۈرەتكە ئالغىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى بىلمەيمەن؟ ئىدارىگە قايتقاندا قانداق جاۋاب بېرەرمەن؟» ئۇنىڭ كۆڭلى دەككە ـ دۈككە بولدى. يولداش شى جىنپىڭ لەي خەننىڭ جىددىيلەشكەن ھالىتىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ مۈرىسىگە يېنىك ئۇرۇپ: «ئادەمگە بىر ئىش بولمىسىلا بولدى، ئۈسكۈنىنىڭ بۇزۇلۇشى سىزنىڭ سەۋەنلىكىڭىز ئەمەس، سىز خېلى كۆپ سۈرەت تارتتىڭىز، بۇنىڭدىن كېيىن سۈرەت تارتالمىسىڭىزمۇ ھېچقىسى يوق» دېدى. ئۇ يەنە چاقچاق قىلىپ: «ئەنسىرىمەڭ، مەن قايتىپ بارغاندىن كېيىن رەھبەرلىرىڭلارغا تېلېفون قىلىپ ئىسپاتلاپ بېرىشىم كېرەكمۇ قانداق؟» دېدى. لەي خەن خىجىللىقتا قىزارغان ھالدا دۇدۇقلاپ تۇرۇپ: «ھەر ھالدا ياخشى، سىناپ باقتىم، تېگىپ قويسام يەنە ئىشلەتكىلى بولىدىكەن» دېدى. «يېنىك زەخىملەنگەن تۇرسا ئىشلەتمىسەك بولماس!» يولداش شى جىنپىڭنىڭ يۇمۇرستىك سۆزلىرىدىن كۆپچىلىك يېنىكلەپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

مىلىن ناھىيەسى، لاڭشيەن ناھىيەسىدە، بۇدالا سارىيىدا، زاشلۇنبۇ ئىبادەتخانىسىدا، يولداش شى جىنپىڭ قىزغىن، سەمىمىي، مۇلايىم ھالدا زاڭزۇ قېرىنداشلار، راھىبلار بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈپ، مۇڭدىشىپ، دوستلۇق مېھرىنى ئىزھار قىلىشتى، كەيپىيات قىزغىن بولدى، ھەممە بىرلىكتە خۇشاللىققا چۆمدى. ئۇنىڭ مۇلايىم، چىقىشقاق پەزىلىتى، سېھرىي كۈچى زاڭزۇ قېرىنداشلارنىڭ قەلبىنى ئۇتتى، شۇنداقلا لەي خەن ھەم ئاخبارات كەسپداشلىرىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈردى.

1999 ـ يىلى 11 ـ ئايدا، شۇ چاغدا فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ مۇۋەققەت ئۆلكە باشلىقلىقىنى ئۆتەۋاتقان شى جىنپىڭ ئىقتىساد ـ سودا ۋەكىللەر ئۆمىكىنى باشلاپ چۆچەككە بېرىپ، سەنشيا ئامبىرى رايونىدىكى كۆچۈرۈلىدىغان ئاھالىلەرگە نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى، لەي خەن ئۆمەككە ئەگىشىپ زىيارەت قىلدى. ۋەنجوۋدا، يولداش شى جىنپىڭ شۇ جايغا مەبلەغ سالغان بىرقانچە فۇجيەن كارخانىسىنى كۆزدىن كەچۈردى، ياردەم بېرىپ قۇرۇلغان فۇجيەن باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېرىپ ئوقۇتقۇچى، ئوقۇغۇچىلارنى يوقلىدى، ياردەم بېرىشكە ئەۋەتىلگەن كادىرلار بىلەن سۆھبەتلەشتى، يول بويى بىردەممۇ توختىمىدى. ۋەنجوۋ لەي خەننىڭ يۇرتى ئىدى، ئۈچ يىل ئىلگىرى دادىسى كېسەل سەۋەبىدىن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، ئانىسى بۇ جايدا يالغۇز تۇراتتى. ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ مەخسۇس لەي خەنگە دەم ئېلىش بېرىپ، ئۇنىڭدىن: «سىز ‹ئۆيىڭ ئالدىدىن دائىم ئۆتۈپ تۇرسىمۇ كىرمەيدىغان› ئىشنى قىلماڭ، تېزدىن ۋاقىت چىقىرىپ ئۆيىڭىزگە بېرىپ كېلىڭ ھەم ئانىڭىزغا مېنىڭ سالىمىمنى يەتكۈزۈپ قويۇڭ» دەپ تەلەپ قىلدى. لەي خەن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ئۆلكە باشلىقى شى جىنپىڭنىڭ سالىمىنى ئانىسىغا يەتكۈزدى، موماي ئىنتايىن تەسىرلىنىپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختاپ: «بۇ رەھبەر بەك قالتىس ئىكەن! كىشىلەرگە ناھايىتى سەمىمىي ئىكەن» دېدى. موماي ئۆز قولى بىلەن قېزا تەييارلاپ، ئوغلىغا ئۆلكە باشلىقى شى جىنپىڭنىڭ چۆچەكنىڭ بۇ داڭلىق ئاددىي يېمەكلىكىنى تېتىپ بېقىشى ئۈچۈن چوقۇم ئالغاچ بېرىشنى ئېيتتى...

ھەربىر سۆز ـ ھەرىكىتى، يۈرۈش ـ تۇرۇشى، يولداش شى جىنپىڭنىڭ ۋۇجۇدىدىن تەبىئىي نامايان بولۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ خىل ھۆرمەت، قوللاش ۋە ئىشەنچ، ئۇرغۇپ تۇرغان سەمىمىي دوستلۇق، چىقىشقاق، مۇلايىم، كۆيۈمچان، غەمخورلۇق قىلىدىغان پەزىلىتى، سالاپىتى مۇخبىرلارنىڭ قەلبىگە مەھكەم ئورناپ، ئەۋج ئېلىپ، ئۇلارنى تەسىرلەندۈردى، شۇنداقلا مۇخبىرلار باشقىلارغا تارقاتتى.

ئەينى چاغدا فۇجوۋ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى ئاخبارات مەركىزىنىڭ مۇدىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان يۈ فۇرۇڭ يەرلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، يەرلىكتە كۆرسىتىلىدىغان ئاخبارات پىروگراممىلىرىنى زىيارەت قىلىپ ئىشلەپلا قالماي، يەنە ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىلەن مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىغا خەۋەر يوللايتتى. ۋاقىت، ئۇنۇم قوغلىشىپ، يۈ فۇرۇڭ دائىم پائالىيەت نەق مەيدانىدا زىيارەتنى تاماملايتتى. يولداش شى جىنپىڭ دائىم خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولاتتى، «ئەزەلدىن بىر قېتىممۇ رەت قىلىپ باقمىدى»، زىيارەت ئاخىرلاشقاندا ھەمىشە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ: «مۇشۇنداق بولسا بولامدۇ؟ يېتەرلىك بولدىمۇ؟» دەپ سورايتتى، ھەر قېتىم مۇشۇ چاغدا، يۈ فۇرۇڭنىڭ قەلبى ئىللىقلىققا تولاتتى.

ئەينى چاغدا «فۇجوۋ كەچلىك گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان چېن چېنجى دائىم يولداش شى جىنپىڭغا ئەگىشىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا باراتتى، «ھەربىر پارچە ماقالىنى ئۇ تەكشۈرۈپ كۆرەتتى، بەلگە قوياتتى. ئۇ ئادەم بولۇش ۋە ئىش قىلىشتا خۇددى ئۆزىنىڭ ئىسمىغا ئوخشاش تۈز، رەتلىك ئىدى.» لاۋ چېن تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن مۇنداق دېدى: «ئۇنىڭ سۆزى سالماق، قىسقا، ئەمەلىي بولۇپ، لوگىكىلىققا، يېڭى مەنىگە ئىگە ئىدى، خاتىرىلىۋالسىلا بىر پارچە ماقالە پۈتەتتى».

1999 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىدا، شاڭخەي شەرق ئىستانسىسى يېڭى ئەسىر زىيارەت ئۆمىكى فۇجيەن خەلق رادىيو ئىستانسىسىنىڭ «ئاۋام پاراڭلىرىغا باھا» پىروگرامما گۇرۇپپىسى بىلەن بىرلىشىپ بىر سائەتلىك بىۋاستە ئاڭلىتىش پىروگراممىسى ئىشلەپ، ئۆلكە باشلىقى شى جىنپىڭنى بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۆيىدە زىيارەتنى قوبۇل قىلىشقا تەكلىپ قىلىشنى ھەم شاڭخەي، فۇجيەن ئىككى جايدىكى ئاڭلىغۇچىلار كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىلارغا جاۋاب بېرىشنى ئۈمىد قىلدى.

كەسىپداشلارنىڭ ئىلتىماسىنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئەينى چاغدا فۇجيەن رادىيو ئىستانسىسى ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى ئۆتەۋاتقان ياۋ يەنيۇ كۆپ ئويلانمايلا، بىر قېتىملىق يىغىن ئارىلىقىدىن پايدىلىنىپ، زىيارەت لايىھەسىنى ئېلىپ يولداش شى جىنپىڭنى بىۋاستە ئىزدەپ باردى. يولداش شى جىنپىڭ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولۇپ: «كاماندىروپكىغا چىقىپ كەتمىسەملا بولىدۇ!» دېدى، پروگرامما ئۆتكۈزۈلىدىغان كۈن يېتىپ كەلدى، يولداش شى جىنپىڭ يېرىم سائەت بۇرۇن بىۋاستە ئاڭلىتىش ئۆيىگە كېلىپ، رىياسەتچى بىلەن ئاددىي پىكىر ئالماشتۇرغاندىن كېيىن كىرىپ كەتتى. سان ـ ساناقسىز قىزىق لىنىيەلىك تېلېفون بىلەن ۋاقىت ئۇچقاندەك ئۆتۈپ، بىر سائەت ۋاقىت ناھايىتى تېز ئۆتۈپ كەتتى. چۈشتىن كېيىن سائەت 1دە بىۋاستە ئاڭلىتىش ئاخىرلاشتى، يولداش شى جىنپىڭ يەنە كۆپچىلىك بىلەن بىللە بىنانىڭ ئاستىدىكى ئاشخانىغا چۈشۈپ ئاددىي غىزالاندى.

20 يىل ئۆتۈپ كەتتى، ئۆتكەن ئىشلار كۆز ئالدىدا ئېنىق نامايان بولۇپ تۇرۇۋاتقان ياۋ يەنيۇ ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ئۆلكە باشلىقى شى جىنپىڭ ناھايىتى چىقىشقاق بولۇپ، مۇخبىرلارنىڭ خىزمىتىنى بەك چۈشىنىدۇ، ئۇنى ئىزدەپ زىيارەت قىلماقچى بولغاندا، ئۇ ناھايىتى قوللايدۇ!»

1989 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى، نىڭدې ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆلكىنىڭ بىر ئاساسلىق رەھبىرىگە ھەمراھ بولۇپ بوران ـ چاپقۇنغا قارىماي، فۇئەن ناھىيەسىنىڭ فەنكېڭ يېزىسى ماۋجياپىڭ كەنتىدە يېزا ئىگىلىكىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. فۇئەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ تەكلىپلىك مۇخبىرى جېڭ گۇاڭپىڭ تېلېكامېرانى كىيىمى بىلەن ئوراپ يامغۇردىن دالدىلىۋالغانىدى. يولداش شى جىنپىڭ بۇنى كۆرۈپ، ئاستا بېرىپ، ئۇنىڭغا كۈنلۈك تۇتۇپ تۇردى. بۇ كۆرۈنۈشنى نەق مەيداندىكى نۇرغۇن كادىر، ئاما ئۆز كۆزى بىلەن كۆردى.

1990 ـ يىلى ئەتىيازدا، يولداش شى جىنپىڭ ئۆلكىنىڭ بىر رەھبىرىگە ھەمراھ بولۇپ، شوۋنىڭ ناھىيەسى جۇڭگو ـ ئىتالىيە ھەمكارلىقىدىكى تاختاي شىركىتىگە بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى، شوۋنىڭ ناھىيەلىك پارتكوم خەۋەر قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ مۇخبىرى گو شياۋچىڭ ئېگىزدە تۇرۇپ بىر كۆرۈنۈشنى سۈرەتكە ئېلىش ئۈچۈن، قولنى ئۇزىتىپلا بىر ئورۇندۇقنى ئېلىپ ئۈستىگە چىقتى. يولداش شى جىنپىڭ بۇنى كۆرۈپ دەرھال بېرىپ ئورۇندۇقنى يۆلەپ تۇرۇپ: «يىگىت، ئېھتىيات قىلىڭ، يىقىلىپ كەتمەڭ» دېدى.

2006 ـ يىلى، «جېجياڭ گېزىتى» نىڭ مۇخبىرى جوۋ يۈڭەن جوۋشەندىكى بىر دوختۇرخانىدا بىر ياشانغان كىشى بىلەن كىچىك بالىنى قوغدىماقچى بولغاندا، قول ھارۋىسى سوقۇۋېتىپ قوۋۇرغىسى يارىلانغانىدى. يولداش شى جىنپىڭ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ئۆلكىلىك پارتكوم بەنگۇڭتىڭىغا شۇ جايدىكى رەھبەرلەرنىڭ دوختۇرخانىغا بېرىپ يوقلىشىنى مەخسۇس ھاۋالە قىلدى.

...

جاۋ دېرۇن يولداش شى جىنپىڭنى يەنە بىر قېتىم كۆرگەن ۋاقىت 2006 ـ يىلى 8 ـ ئاي ئىدى. ئەينى چاغدا «نۇر گېزىتى»نىڭ مۇئاۋىن باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان جاۋ دېرۇن جېجياڭغا بېرىپ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. شىزىخۇ كۆلى بويىنىڭ مەنزىرىسى ئۆزگىچە بولۇپ، ئىككى قەدىناس دوست كۆل بويىدا سەيلە قىلدى، يولداش شى جىنپىڭ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ئۆزىنىڭ ئوي ـ پىكرى، ئۈزلۈكسىز خەلق ئۈچۈن ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەسراتى ھەمدە خەلقنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرۈش قەتئىي ئىشەنچىنى كەڭ ـ كۇشادە سۆزلەپ بەردى. 22 يىل ئۆتۈپ كەتتى، يولداش شى جىنپىڭ ناھىيەلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىدىن ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغىچە، ئاندىن ئۆلكىلىك پارتكومنىڭ شۇجىلىقىغىچە ئورنى ئۆستى، لېكىن سەمىمىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ئەسلىدىكىدەكلا ئىدى.

كېچىنىڭ سالقىن شامىلىدا، جاۋ دېرۇن سۆزلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى، قەلبىدە ئىللىقلىق ئۇرغۇدى.

### ئىككىنچى، تاراتقۇلارنى قاناتلاندۇرۇشنىڭ تۈرتكۈچىگە ئايلاندۇرۇش

ئىنقىلابنىڭ مۇقەددەس جايى يەنئەن، يەنچۇەن ناھىيەسىنىڭ لياڭجياخې كەنتى، 1969 ـ يىلدىن 1975 ـ يىلغىچە، يولداش شى جىنپىڭ بۇ جايدا 15 ياشتىن 22 ياشقىچە ئۆسۈپ يېتىلگەن يەتتە يىلدا، كۈندۈزى جاپاغا چىداپ ئىشلەپ، كەچلىرى جاپاغا چىداپ كىتاب ئوقۇپ، يۇمران زىممىسىگە ئۇزاق مەزگىل نەچچە ئون جىڭ، 100 نەچچە جىڭلاپ ئېغىر يۈكنى ئالدى، قارا ئاشلىق يەپ، بۈرگىلەر بىلەن ئېلىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى بىلەن يېقىن ئۆتتى، پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساپ، قايما تۈسمىسى ياساپ، تۆمۈرچىلىك كەسپى كوپىراتىپى قۇردى...

بىر كۈنى كەچتە، كىچىك كىرسىن چىراغ ئاستىدا، كۆپچىلىكنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن دادۈي پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىلىقىنى ئۈستىگە ئالغان يولداش شى جىنپىڭ 1974 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنىدىكى «خەلق گېزىتى»نى كۆرۈۋاتقاندا، 4 ـ بەتتىكە بېسىلغان سىچۈەندە پاتقاق گازى كۆلچىكى ياساش تونۇشتۇرۇلغان ئىككى پارچە ماقالىنى بايقاپ قالدى. ئۇ گېزىتنى قويۇپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى، لياڭجياخېدىكى 64 ئائىلىلىكنىڭ چىراغ ياقىدىغان كىرسىنى، تاماق ئېتىدىغان ئوتۇنى يېتىشمەيدۇ، ئەگەر پاتقاق گازى كۆلچىكى ياسالسا چوڭ مەسىلە ھەل بولغان بولاتتى. ئۇ ناھىيە رەھبەرلىرىگە دوكلات قىلدى ھەم قوللاشقا ئېرىشىپ، سىچۈەنگە بېرىپ نەق مەيداندا تەجرىبە ئۆگىنىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى باشلاپ يەرنى كولاپ كۆلچەك ياساپ، 28 پاتقاق گازى كۆلچىكىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ياساپ چىقىپ، ئاممىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى، «پاتقاق گازى چىنلىڭدىن ئۆتەلمەيدۇ» دېگەن ھۆكۈمنى بۇزۇپ تاشلىدى.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ تەپەككۇرنى قوزغىتىش، خىزمەتلەرگە تۈرتكە بولۇش، ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش يولداش شى جىنپىڭنىڭ ئاساسلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش يولىغا ئايلاندى.

1982 ـ يىلى يولداش شى جىنپىڭ جېڭدىڭغا كېلىپ خىزمەت قىلغاندىن كېيىن، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا ئىختىساسلىقلارنىڭ قىس بولۇشى جېڭدىڭنىڭ تەرەققىياتىدىكى بىر چوڭ كەمتۈكلۈك ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى، ئۇ ھاكىم چېڭ باۋخۇەي قاتارلىقلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ بۇ قىيىن مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، «ئىختىساسلىقلار توققۇز ماددىسى»نى ئۆزى تەييارلىدى.

«ئىختىساسلىقلار توققۇز ماددىسى» شاپىگرافتا 2000 پارچە چوڭ خەتلىك ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ بېسىلىپ، پۈتۈن ناھىيەگە چاپلاندى. بۇ «تاش» كىچىك ئەمەس ئىدى، لېكىن بۇزغۇن ھاسىل قىلالمىدى. 20 كۈندىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ چېڭ باۋخۇەينى ئىزدەپ كېلىپ مۇنداق دېدى: «لاۋچېڭ، ئىختىساسلىقلارنى تەكلىپ قىلىشتا ناھىيە ئىچى بىلەنلا چەكلىنىپ قالساق بولمايدۇ، ناھىيەدە قانچىلىك ئىختىساسلىقلار بار؟ بىز پۈتۈن ئۆلكە، پۈتۈن مەملىكەتتىن تەكلىپ قىلىشىمىز كېرەك.» يولداش شى جىنپىڭنىڭ تەكلىپى بىلەن، چېڭ باۋخۇەي مەمۇرىي مەھكىمە ئورگان گېزىتى بىلەن ئالاقىلەشتى، بۇ گېزىتنىڭ مەسئۇلى شۇ چاغدا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىياسەتنى بۆسۈپ ئۆتسە، جازاغا ئۇچراشتىن ئەنسىرەپ گېزىتتە ئېلان قىلىشنى رەت قىلدى. ئەينى چاغدا «خېبېي گېزىتى»نىڭ باش مۇھەررىرلىكىنى ئۆتەۋاتقان لىن فاڭنىڭ ئىدىيەسى ئازاد ئىدى، ئۇنىڭ قوللىشى بىلەن «جېڭدىڭ ناھىيەسى ئىرادىلىك زاتلارغا دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى» دېگەن تېمىلىق بۇ خەۋەر «گۈللۈك رامكىلىنىپ» كۆزگە چېلىقىدىغان شەكىلدە بىرىنچى بەتنىڭ باش خەۋىرى قىلىپ ئېلان قىلىندى.

خەۋەر ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن زور تەسىر قوزغىدى، يولداش شى جىنپىڭ يەنە ئۆزى خۇا لوگېڭ، يۈ گۇاڭيۈەن قاتارلىق داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرگە خەت يېزىپ، ئۇلارنى ئىقتىساد مەسلىھەتچىلەر ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، جېڭدىڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىشكە تەكلىپ قىلدى. 84 ياشلىق چېڭ باۋخۇەي ھازىرغىچە شۇنى بەش قولدەك ئېنىق بىلىدۇ: «بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە پەن ـ تېخنىكا ئىختىساسلىقلىرىدىن 257 سى جەلپ قىلىندى. 1983 ـ يىلى سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 1979 ـ يىلدىكىدىن %63.3 ئېشىپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن %10.3 ئاشتى».

نىڭدې شەرقتە دېڭىزغا قوشنا، غەربتە چۈڭشەن تېغىغا تۇتىشىدۇ، دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1000 مېتىردىن ئاشىدىغان ئېگىز تاغدىن 880 نەچچىسى بار بولۇپ، تاغ كۆپ، تېرىلغۇ يەر ئاز، قاتناش قولايسىز، ئۇچۇر راۋان ئەمەس، ئىقتىسادى ئۇزاق مەزگىل پۈتۈن ئۆلكە بويىچە ئاخىرقى ئورۇندا تۇرۇپ كەلگەن. 1988 ـ يىلى، يولداش شى جىنپىڭ نىڭدې ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغاندىن كېيىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، پۈتۈن ۋىلايەتتە گېزىت، رادىيو، تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى يوق ئىكەنلىكىنى بايقىدى، پارتىيەنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قانداق قىلغاندا ۋاقتىدا ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىغا يەتكۈزگىلى بولىدۇ؟ «ھەرقانداق خىزمەتتە ئاممىۋى پىكىرنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك، نىڭدېدا گېزىت بولمىسا قانداق بولىدۇ؟» «قانچىلىك زور قىيىنچىلىق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ‹شەرقىي فۇجيەن گېزىتى›نى چىقىرىش كېرەك».

خىراجەت كەمچىل ئىدى، يولداش شى جىنپىڭ مالىيەدىن 100 مىڭ يۈەن شۇجى زاپاس پۇلىنىڭ ھەممىسىنى ئاجرىتىشنى تەلەپ قىلدى؛ ئورۇن يوق ئىدى، يولداش شى جىنپىڭ ئۆزى ماسلاشتۇرۇپ نىڭدې شۆبە ھەربىي رايونىنىڭ كونا قورال ـ ياراغ ئامبىرىنى ئىجارىگە ئېلىپ بەردى؛ خادىملار يوق ئىدى، يولداش شى جىنپىڭ پەقەت يۇقىرى دەرىجىلىك باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇش تارىخىغا ئىگە فۇدىڭ ناھىيەلىك ئاخبارات بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم باشلىقى ۋاڭ شاۋجۇنى تەييارلىق ئىشخانىسىغا مەسئۇل قىلىپ دەرىجە ئاتلىتىپ تەيىنلىدى...

ئىككى ئايدىن كېيىن، يولداش شى جىنپىڭ ئۆزى قايتا نەشر بېغىشلىمىسى يېزىپ بەرگەن «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى» كادىرلار، ئاممىنىڭ قولىغا يەتكۈزۈلدى. شۇ كۈنى ئېچىلغان قايتا نەشر قىلىش يىغىنىدا، پۈتۈن ۋىلايەتتىكى توققۇز ناھىيە (شەھەر)دە مۇخبىرلار پونكىتى قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىندى، يولداش شى جىنپىڭ ھەرقايسى مۇخبىرلار پونكىتلىرىنىڭ پونكىت باشلىقلىرىغا بىر ـ بىرلەپ لەۋھە تاختىسى بەردى ھەم كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈپ خاتىرە قالدۇردى.

«ئاجىز قۇش بالدۇر ئۇچار» «تۆتنى ئاساسىي قاتلامغا چۈشۈرۈش» «تاغ ـ دەريالار دەستۇرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئوقۇش» «شارائىتقا قاراپ ئىش كۆرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ بېيىتىش» قاتارلىق ۋىلايەتلىك پارتكوم، مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى مىڭلىغان كەنت، تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈلۈپ، كادىرلار، ئاممىنىڭ قەلبىدىن ئورۇن ئالدى. نىڭدې ئاخىرى «فۇجيەننىڭ قۇيرۇقى»لىق ئوبرازىنى چۆرۈپ تاشلىدى.

1990 ـ يىلى، يولداش شى جىنپىڭ فۇجوۋغا كېلىپ، شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولدى، پۈتۈن شەھەر بويىچە بىردىنبىر گېزىت «فۇجوۋ كەچلىك گېزىتى» پەقەت تۆت فورمات، تۆت بەتلىكلا ئىدى. گېزىتخانا ۋە تەشۋىقات بۆلۈمىنىڭ ئوخشاشلا بەتنى ئۆزگەرتىش، كېڭەيتىش ئارزۇسى بار بولۇپ، يولداش شى جىنپىڭ بىلەن كۆپچىلىكنىڭ ئويى بىر يەردىن چىقىپ، ئۇ كەچلىك گېزىتنىڭ تۆت بەتلىك چوڭ گېزىتكە ئايلىنىشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللىدى. ئىككىنچى يىلى، يولداش شى جىنپىڭ «فۇجوۋ كەچلىك گېزىتى»نىڭ يەنە بىر قېتىم بەت كۆپەيتىپ، سەككىز بەتكە ئۆزگەرتىشنى تەلەپ قىلدى ھەم گېزىتخانىنىڭ بىنا سېلىشىنى قوللىدى.

بەت ئۆزگەرتىلىپ، بەت كۆپەيتىلىپ، ئۇچۇر مىقدارى زور دەرىجىدە ئېشىپ، ئورگان گېزىتنىڭ فونكسىيەسى نامايان قىلىندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، كەچلىك گېزىتنىڭ خاسلىقىمۇ ساقلاپ قېلىندى، %43لىك ئۆز پۇلىغا مۇشتەرى بولۇش نىسبىتى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ساداسىنى مىڭلىغان، تۈمەنلىگەن ئائىلىلەرگە يەتكۈزدى.

خىزمەت قانچە ئالدىراش بولۇشتىن قەتئىينەزەر، يولداش شى جىنپىڭ باشتىن ـ ئاخىر كىتاب ئوقۇش، گېزىت كۆرۈش ئادىتىنى ساقلاپ كەلدى، قىممىتى بار ئاخبارات ئۇچۇرلىرىنى بايقىغان ھامان دەرھال تەستىقى يوليورۇق بەردى. 2000 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى، فۇجيەن ئۆلكىسىنىڭ باشلىقى بولغان يولداش شى جىنپىڭ «شەرقىي فۇجيەن كۈندىلىك گېزىتى» (ئەسلىدىكى «شەرقىي فۇجيەن گېزىتى») دە نىڭدې جياۋچېڭ رايونى خۇڭكوۋ يېزىسىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىش تۇغرىسىدىكى تەپسىلىي خەۋەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن تەستىقى يوليورۇق بېرىپ، «پۈتۈن يېزىدىكى كادىرلار، ئاممىنىڭ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ ئەمەلىيىتىنى مەۋقە قىلىپ، پەن ـ تېخنىكا ئارقىلىق يېزا ئىگىلىكىنى گۈللەندۈرۈش يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرىكى نامرات، قالاق خۇڭكوۋ يېزىسىنى ئىمكانقەدەر تېز باي، گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى خۇڭكوۋ قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى»نى ئۈمىد قىلدى.

شاڭخەيدە شەھەرلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى بولغان مەزگىلدە، يولداش شى جىنپىڭ ھەر كۈنى «ئازادلىق گېزىتى» «ۋېنخۇي گېزىتى» قاتارلىقلارنى دائىم سەھەر سائەت بىرگىچە ئوقۇيتتى. بىر قېتىم، يولداش شى جىنپىڭ «ئازادلىق گېزىتى»دىكى بىر پارچە قىسقا ماقالىنى كۆردى، ئۇنىڭدا يېزىلغىنى جۇ گېلياڭنىڭ ئادەملەرنى تونۇشتىكى «يەتتە يول»ى بولۇپ، شۇنىڭ بىلەن شەھەرلىك پارتكوم تەتقىقات ئىشخانىسىغا مەخسۇس تەستىق سېلىپ بېرىپ، پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشىغا ئالاقىدار ماقالىلەرنى تەييارلىغاندا نەقىل كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلدى.

ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكى خىزمىتىنىڭ يولداش شى جىنپىڭنىڭ قەلبىدىكى سالمىقى ناھايىتى زور ئىدى. ئەمەلىي خىزمەتتە ساقلىنىش ئېھتىمالى بولغان مەسىلە ۋە يېتەرسىزلىكلەردىن يولداش شى جىنپىڭ ئەزەلدىن ئۆزىنى قاچۇرمايتتى. نىڭدېدا، ئۇ تاراتقۇلارنىڭ كادىرلارنىڭ قانۇنسىز يەر ئىگىلىۋېلىپ ئۆي سېلىش مەسىلىسىنى ئاشكارىلىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى؛ فۇجيەندە، يولداش شى جىنپىڭ دۆڭنەن سۇنئىي ھەمراھ تېلېۋىزىيەسىنىڭ «مۇخبىرلار ھەرىكىتى»گە «ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى ياخشى ئىشلەپ، پۇقرالارنىڭ يۈرەك ساداسىنى ئەكس ئەتتۈرەيلى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى؛ جېجياڭدا، يولداش شى جىنپىڭ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەردىن تاراتقۇلار بىلەن پائال پىكىر ئالماشتۇرۇپ، «كەمچىلىك ۋە خاتالىقنى كۆرسىتىپ بەرسە خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشى»نى تەلەپ قىلدى؛ شاڭخەيدە، يولداش شى جىنپىڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئاممىۋى پىكىر نازارەتچىلىكىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن قوللاپ، كۆپچىلىكنىڭ پىكرىنى مەركەزلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، شاڭخەينىڭ خىزمەتلىرىنى ياخشىلاشنى تەلەپ قىلدى.

### ئۈچىنچى، چوڭ ۋەزىيەتنى زىممىگە ئېلىش ئېڭى ۋە جاسارىتى بولۇش

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، پارتىيە 11 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ باھار شامىلى جۇڭگو زېمىنىنى قاپلىغان بولسىمۇ، لېكىن بەزىدە ئىللىق، بەزىدە سوغۇق ئىدى، كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسى يەنىلا تۈرلۈك كونا قائىدە ـ يوسۇنلارنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ تۇرۇۋاتاتتى. «جېڭدىڭ ناھىيەسى ئىرادىلىك زاتلارغا دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى» دېگەن ماقالىنىڭ بارلىققا كېلىش جەريانى دەل ھەرخىل رامكا ۋە قېلىپلارنىڭ زىيادە كۆپ ئىسكەنجىسىنى بۇزۇپ تاشلاش جەريانى بولدى.

جېڭدىڭ نېمىگە تايىنىپ ئىختىساسلىقلارنى جەلپ قىلىدۇ، قانداق سىياسەت ئىسقاتىدۇ، ئۈنۈملۈك بولىدۇ؟ يولداش شى جىنپىڭ مەخسۇس «خېبېي گېزىتى»نىڭ مۇخبىرى لى نەيىينى ئىزدەپ باردى. لى نەيىي ئۇزاق مەزگىل پەن ـ تېخنىكا ۋە زىيالىيلار سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى خەۋەر قىلىشقا مەسئۇل بولۇپ، زىيالىيلار بىلەن كۆپ ئالاقە قىلاتتى. يولداش شى جىنپىڭ لى نەيىينىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى ئەستايىدىل ئاڭلاپ، پەن ـ تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئەينى چاغدا دۇچ كەلگەن ھەرخىل قىيىنچىلىق، ئەندىشە ۋە ئارزۇلىرىنى تەپسىلىي خاتىرىلىدى.

ئەھۋالنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلەش ئاساسىدا، يولداش شى جىنپىڭ سىياسىي پوزىتسىيە، خىزمەت مۇھىتى، مەنپەئەت تەقسىماتى، مۇكاپاتلاش مېخانىزمى، يۆتكىلىش رەسمىيىتى، تۇرمۇش تەمىناتى، ئائىلە تەۋەلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇش، كېلىش ـ كېتىشى ئەركىن بولۇش قاتارلىق توققۇز جەھەتتىن بۆسۈش خاراكتېرلىك ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ، چوڭ جەھەتتە ئىگىلىك باشقۇرۇشتا ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈش ھوقۇقىنى قويۇۋېتىش، پاي قوشۇپ پايدا تەقسىملەپ بېرىش، پايدىدىن پىرسەنت ئايرىپ بېرىش، ئائىلە تەۋەلىرىنى «يېزا نوپۇسىدىن شەھەر نوپۇسىغا يۆتكەش» «ئىختىساسلىقلار بىناسى» سېلىش، ئىختىساسلىقلار مۇلازىمەت ئورنى تەسىس قىلىشتىن كىچىك جەھەتتە تۇرمۇشتا «پۈتۈنلەي ئاق ئاشلىق بىلەن تەمىنلەش»، ئاشلىقنى ئۆيىگىچە يەتكۈزۈپ بېرىش، كۆمۈرنى ئائىلىلەرگىچە يەتكۈزۈپ بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالدى. ئۇنىڭ جاسارىتى، ئېڭى، تەدبىرى ھازىرغىچە كىشىلەرنى قايىل قىلىدۇ.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)